ISTIQLAL

# ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

2024 يانۋار (ئومۇمىي 42 ـ سان)



# ب د ت يىغىنىدا ئۇيغۇرلارنى قوللىغان دۆلەتلەر كۆپەيدى

Istiqlal TV

# خىتاي بۇلتۇر تارىم نېفىتلىكىدىن 33 مىليون توننا نېفىت ۋە گازنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان



خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى، نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە باشقا تەبىئىي بايلىقلارنى ئىزچىل بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ كەلگەن بولۇپ، يېقىندىن بېرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. 2023-يىلى تارىم نېفىتلىكىدىن 33 مىليون 530 مىڭ توننا نېفىت، تەبىئىي گازنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1-يانۋاردىكى خەۋىرىدە خىتاينىڭ 2023-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنىگىچە تارىم نېفىتلىكىدىن پۈتۈن يىلدا ئالغان نېفىت، تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 33 مىليون 530 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2022-يىلىدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 430 مىڭ توننا ئاشقانلىقى، بۇ تارىم نېفىتلىكىنىڭ نېفىت، گاز مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۇدا تۆت يىل 30 مىليون توننىدىن ئېشىشى ھەم مۇقىم ئېشىشنى ساقلاپ، خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

نۆۋەتتە خىتاي تارىم نېفىتلىكىنى ئەڭ چوڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نامىدىكى بۇلاڭ-تالاڭ ھەرىكىتىدە تايانغان ئاساسلىق گاز مەنبەسىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي 2023-يىلى تارىم نېفىتلىكىنى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىن زور نېفىت، گاز بايلىقىنى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن قىلىشنى نىشانلاپ، ئۇيمانلىقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەن. نەتىجىدە 2023-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بوز – دابېي 1 تىرىليون كۇب مېتىرلىق ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر گازلىق رايونى، فۇمەن 1 مىليارد توننىلىق ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر نېفىت رايونىدا نېفىت، گازنى بىر تەرەپ قىلىش يادرولۇق قۇرۇلۇشىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى كۆلەملەشتۈرگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى پەقەتلا خىتاينىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا

1

ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلقنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، ھەتتا نامراتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق زور كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




# خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە نوپۇس ئەھۋالى دىققەت قوزغىماقتا

خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە نوپۇس ئەھۋالى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار 17-يانۋار ئېلان قىلىنىدىكەن.

خىتاي مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى بىلەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىقتىساد ۋە نوپۇس ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە دېھقانچىلىقنى تەكشۈرۈشتىن باشقا، خىتايدىكى ئۆچ قەرەللىك نوپۇس تەكشۈرۈش، نوپۇس تەكشۈرۈش تەرتىپىنىڭ بىرى ئىكەن. 2023-يىلدىكى سانلىق مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەشىنچى قېتىملىق پۈتۈن خىتاي مىقياسىدىكى ئىقتىساد ۋە نوپۇس ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ۋە تىزىملاش 1-يانۋار رەسمىي باشلىنىدىكەن.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، تەخمىنەن 2 مىليون 100 مىڭ خادىم كارخانىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، 1 مىليون 160 مىڭ نوپۇس تەكشۈرۈش رايونىدىن سانلىق مەلۇمات توپلايدىكەن ۋە تىزىملايدىكەن. بۇ جەرياندا تۆنجى قېتىم نوپۇسقا كىرگۈزۈش-چىقىرىش بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىدىكى كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي باغلىنىشنى ئىگىلەيدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدا ئېلان قىلغان نوپۇس ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتتا 2022-يىلى 61 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم نوپۇسنىڭ پاسسىپ كۆپەيگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاينىڭ نوپۇسى 1 مىليارد 411 مىليوندىن ئاشقان بولۇپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە قارىغاندا 850 مىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكى بىلدۈرۈلگەنىدى.

# خىتاي قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنماقتا




خىتاي رېجىمى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، جىنايەتكە چېتىشلىق خادىملارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى چېتىپ جازالاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

بىرلەشمە سەھەر گېزىتىنىڭ 29-دېكابىر خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي «خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى» 2023-يىللىق ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى 14-نۆۋەتلىك خىتاي قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 7-يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلغان بولۇپ، دوكلاتتا ئەسلىدىكى جىنايەتكە چېتىشلىق خادىملارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى چېتىپ جازالاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بىكار قىلىنىپ، «قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ، باشقىلارغا چېتىلىپ قالسا بولمايدۇ» دېيىلگەن.

خىتاي رېجىمى بارلىق قانۇنلىرىنى ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، خەلقنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەرقانداق تەكلىپ-پىكىرلىرى قوبۇل قىلىنمايلا قالماستىن، ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن كۆزدىن يوقىتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن.

خىتاي بۇ قېتىم ئەسلىدىلا قانۇنسىز بولغان مەزكۇر قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ تۆھمەتلىرى بىلەن «جىنايەتچى» قالپىقى كىيدۈرگەن ئۇيغۇرلارنى ئاتالمىش «نۇقتىلىق باشقۇرۇلىدىغان كىشىلەر» دەپ ئاتاپ، ئۇلارغا چېتىشلىق كىشىلەرنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرى، ئاتا-ئانىسى ۋە باشقا يېقىن تۇغقانلىرىنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ جازالىماقتا. «نۇقتىلىق باشقۇرۇلىدىغان كىشىلەر»نىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، چەت ئەلگە چىقىش قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ جازالىماقتا.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ ئەزەلدىن

شەرقىي تۈركىستانغا بىر خىل سىياسەت، خىتاي ئۆلكىلىرىدە بىر خىل سىياسەت ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، كۆز بوياماچىلىق ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان مەزكۇر قانۇن ئۆزگەرتىشنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىنىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلىيلىشىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

## 2023-يىلىنىڭ ئاخىرىدا چەت ئەل مەبلىغىنىڭ خىتايدىن چېكىنىشى تېزلەشكەن




2023-يىلىنىڭ ئاخىرىدا چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار خىتايدىن چېكىنىشنى تېزلەتكەن بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئاساسلىق خەلقئارالىق مەبلەغ ئاقىدىغان ئەڭ ياخشى ئورۇنغا ئايلانغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاسىيادىكى كاپىتال ئېقىمى 2023-يىلى زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، مەبلەغ سېلىشتا خىتاي قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى ئۆرلىگەن. ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا خەلقئارالىق مەبلەغنىڭ خىتايدىن چېقىپ كېتىشى تېزلەشكەن. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى شىركەتلەر بازارغا سېلىش ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 3-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا مەبلەغ سېلىش بانكىسى مورگان ستەنلىنىڭ تەھلىلچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، يەرشارىۋى مەبلەغ سالغۇچىلار 2023-يىلى 12-ئايدا خىتاي پاي چېكىنى شىددەت بىلەن ساتقان بولۇپ، سېتىش سۈرئىتى بۇ ئايدا پۈتۈن بىر يىلدىكى سېتىش ھەرىكىتىگە سېلىشتۇرغاندا ئەڭ تېز بولغان. پاي چېكىنىڭ ئالدىراپ سېتىلىشىدىكى سەۋەب تۆلەم تەلىپىنى قاندۇرۇش ۋە مەبلەغنى دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولغان خىتايدىن يىراقلاشتۇرۇش ئىكەن.

مورگان ستەنلىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى خېرىدارلارغا بەرگەن دوكلاتىدا، خىتاي ۋە خوڭكوڭ پاي بازىرىدىكى كۆپلىگەن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى ئايدا ساپ قىممىتى 3 مىليارد 800 مىليون دوللار قىممىتىدىكى خىتاي پاي چېكىنى ساتقانلىقىنى ئېلان قىلغان.

# خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى يىللىق خۇلاسە يىغىنى ئۆتكۈزدى




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 4-يانۋار ئىستانبۇلدا 2024-يىللىق تۇنجى كېڭەيتىلگەن ئالىي كېڭەش يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالدىنقى بىر يىللىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلىدى.

يىغىنغا تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ئەزا تەشكىلاتلارنىڭ رەئىسلىرى، تەشكىلات ۋەكىللىرى، ئۆلىمالار، ئاكادېمىكلار ۋە جامائەت ئەربابلىرى بىۋاسىتە ياكى توردىن ئىشتىراك قىلدى.

كېڭەش يىغىنىدا ئالدى بىلەن تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش سۆزى قىلغاندىن كېيىن، تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ 2023-يىللىق خىزمەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان فىلىم قويۇلدى. ئارقىدىن تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ كاتىبات بۆلۈمى 2023-يىللىق خىزمەت ئەھۋالىدىن تەپسىلىي دوكلات سۇندى. كېيىن تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مالىيە بۆلۈمى 2023-يىللىق كىرىم-چىقىم ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى.

كېڭەش يىغىنىدا ھەرقايسى تەشكىلات رەئىسلىرى، جامائەت ئەربابلىرى، ئاكادېمىكلار خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى قىلىۋاتقان پائالىيەتلەر، كەلگۈسى خىزمەتلەر ھەققىدىكى تەنقىد ۋە تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كېڭەش يىغىنىدا يەنە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ 2024-يىللىق خىزمەت پىلانلىرى، پائالىيەت جەدۋىلى، 2024-يىللىق مالىيە خامچوتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

ئاخىرىدا مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ھەدىس ئىلمىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئۇستاز ئاۋاز نۇرمۇھەممەد ۋە كۇتاھيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلامىي ئىلىملەر بويىچە ماگىستىرلىقنى پۈتتۈرگەن ئۇستاز زىكرۇللاھ ئالىمغا تون ۋە دوپپا كىيدۈرۈلدى.



# مەجبۇرىي ئەمگەك ھەققىدىكى سىنلار خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىنى پاش قىلماقتا



شەرقىي تۈركىستاندىن تارقالغان، خەلقنى قېرى-ياش دېمەي قاتتىق سوغۇقتىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقان سىن كۆرۈنۈشلىرى خىتاي تەشۋىقاتلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى داۋاملىق ئاشكارىلىماقتا.

خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىزچىل تۈردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقان بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۈچۈر ۋاستىلىرىدا تارقىلىۋاتقان سىنلار خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق سوغۇقتا قېرى-ياش دېمەستىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلماقتا.

لاگېر شاھىتى زۇمرەت خانىم ھەمبەھىرلىگەن بىر قانچە سىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمىنىڭ 67 ياشقا كىرگەن ئۇيغۇر بوۋاينىمۇ قاتتىق سوغۇقتا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نازارىتى بىلەن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان. بۇ ئەھۋاللار ئۇيغۇرلارنىڭ قىش مەزگىلىدىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەك ۋاستىسى بىلەن كونترول قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

يەنە بىر سىندىمۇ ياشانغانلارنىڭ ئاتالمىش «يېزا-كەنتتىكى يول ۋە ھويلا ئارامىلارنى رەتلەش» نامىدا ئىزچىل تۈردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى، ھەركۈنى كەچلىكى تۈرلۈك يىغىنلارغا مەجبۇرىي قاتنىشىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

بۇ سىنلار تۈرلۈك جازالار، ئېمبارگولارغا ئۇچرىغان خىتاي رېجىمىنىڭ «ئۇيغۇرلار تىنچ، باياشات كۈن كەچۈرمەكتە» دېگەن يالغان تەشۋىقاتلىرى بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، جۈملىدىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى پاش قىلماقتا.





# ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا، بىرلىكنىڭ سابىق رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار، بىرلىك ئەزاسى ۋە دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى ئەزاسى ئۇستاز ئابدۇراھمان جامال كاشغەريي ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىرلىكى تاشقى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ ئەرەب-ئىسلام ئەللىرى ئالاقە مۇناسىۋەتى مەسئۇلى، ئەرەب-خىتاي مۇناسىۋەتى تەتقىقاتچىسى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر قاتارلىقلار دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ قاتاردا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلدى.

دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ 6-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى 11-يانۋار ئاخىرلاشقان بولۇپ، يىغىندا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چەتكە قېقىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆلىمالارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن.

يىغىندا بىرلىك ئەزالارنىڭ بىردەك مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق، بىرلىكنىڭ نىزامنامىسىگە قىسمەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بىرلىكنىڭ رەئىسى، ئالتە مۇئاۋىن رەئىسى ۋە 40 كىشىلىك ئىجرائىيە مەسئۇللىرى سايلاپ چىقىلغان. بىرلىكنىڭ رەئىسلىكىگە ئەلى مۇھىددىن قاراداغىي، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تۈركىيە دىيانەت باشقارمىسىنىڭ سابىق رەئىسى مەھمەت گۆرمەز سايلانغان. بىرلىكنىڭ

ئىجرائىيە ئەزالىقىغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ سابىق رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار سايلانغان.

يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ھەيئىتى يىغىن جەريانىدا ھەر قايسى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان ئۆلىمالار بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان.

ئۇندىن باشقا ئۇستازلار يەنە خىتاينىڭ مەزكۇر جىنايەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىكى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

خىتاي رېجىمى يىغىنغا قاتناشقان ئۆلىمالارنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن بىر قانچە تۈگگان ۋە خوڭكوڭدىن بىر قانچە كىشىنى بۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار خىتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئايرىم سورۇنلاردا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئاقلاپ، ئۇيغۇرلارنى قارىلاشقا ئۇرۇنغان.

يىغىن ئاخىرىدا خۇلاسە دوكلات ئوقۇپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ھەيئىتى تۈركىيەنىڭ قاتاردا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى تۈركىيەدىن يىغىنغا قاتناشقان مېھمانلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان كەچلىك زىياپەتكە قاتناشقان. زىياپەتتە ۋەكىللەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن.





# خىتاي 2024-يىلىنى ئاتالمىش «تور پىتنە-ئىغۋالىرىغا زەربە بېرىش يىلى» قىلدى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، تور ئالاقە ساھەسىدىكى باستۇرۇشنى كۈچەيتمەكتە. جۇملىدىن خىتاي ج خ مىنىستىرلىقى 2024-يىلىنى ئاتالمىش «تور پىتنە-ئىغۋالىرىغا زەربە بېرىش، تۈزەش مەخسۇس ھەرىكىتى يىلى» قىلىپ بېكىتكەن.

خىتاي كۈندىلىك گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي ج خ مىنىستىرلىقى 2024-يىلىنى ئاتالمىش «تور پىتنە-ئىغۋالىرىغا زەربە بېرىش، تۈزەش مەخسۇس ھەرىكىتى يىلى» قىلىشنى قارار قىلغان. ئارقىدىن خىتاينىڭ ج خ ئورگانلىرى ئاتالمىش «پاكىز تور بوشلۇقى مۇھىتىنى ھەققىي قوغداش» دېگەن نام بىلەن قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى باشلىغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ج خ نازارىتى 5-يانۋار ئاتالمىش «توردىكى پىتنە-ئىغۋالارغا زەربە بېرىش» نامىدا بىر تەرەپ قىلىنغان بەش تىپىك دېلونى ئېلان قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ج خ ئورگىنىنىڭ توردا گەنسۇدىكى يەر تەۋرەش ۋەقەسى توغرىسىدا خەۋەر ۋە يامان غەرەزلىك سۆزلەرنى ئېلان قىلغۇچىغا مەمۇرىي جازا بەرگەنلىكىنى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونلۇق ج خ ئورگىنىنىڭ مەلۇم جايدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر تارقاتقۇچىغا مەمۇرىي جازا بەرگەنلىكىنى، قۇمۇل شەھىرى ئاراتۈرك ناھىيەسىدىكى ج خ ئورگىنىنىڭ توردا ساقچى ماشىنىسىغا ھۇجۇم قىلىش، قورال-ياراغ بۇلاش توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى تارقاتقۇچىغا مەمۇرىي جازا بەرگەنلىكىنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدىكى ج خ ئورگىنىنىڭ توردا ئۇچۇر تارقىتىپ، ناچار ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلغان بىر كىشىگە مەمۇرىي جازا بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

خىتاي رېجىمى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاتالمىش «تېررورلۇققا زەربە بېرىش، قارا كۈچلەرگە زەربە بېرىش، ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش» دېگەندەك تۈرلۈك قالپاقلار بىلەن ئىزچىل ۋە كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ، باستۇرۇپ قىرغىن قىلىپ كەلمەكتە ۋە بۇ خىل ناملار ئارقىلىق

ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. بۇ قېتىم خىتاي ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ 2024-يىلىنى ئاتالمىش «تور پىتنە-ئىغۋالىرىغا زەربە بېرىش، تۈزەش مەخسۇس ھەرىكىتى يىلى» قىلىشىمۇ ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن باستۇرۇش، نازارەت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.




## خىتاي ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى» توغرۇلۇق مەخسۇس يىغىن ئاچتى

خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتىلغان ئاسسىمىلياتسىيە، خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى جىددىي كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، 200 گە يېقىن خىتاي «مۇتەخەسسىس»نى ئۈرۈمچىگە يىغىپ، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»نى تەكىتلىدى.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، خىتايدىكى 19 ئۆلكە، شەھەر ۋە خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، خىتاي تاراتقۇ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن 200 گە يېقىن خىتاي «مۇتەخەسسىس»نىڭ قاتنىشىشى بىلەن، 4-، 5-يانۋار كۈنلىرى خىتاي خەلق تورى ئۇيۇشتۇرغان ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»نى توردا تارقىتىش مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن.

خىتاي خەلق تورى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، نازارەتچىلىك كېڭەشنىڭ رەئىسى تاڭ ۋېيخۇڭ سۆزىدە ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش» دېگەن سەپسەتىلەرنى تەكىتلىگەن.

يىغىنغا يەنە خىتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە ئۇيغۇر، قازاق خەلقىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار سەھنىگە چىقىپ، ئاتالمىش «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسى»نى سۆزلەشكەن.

خىتاي رېجىمى خەلقئارانىڭ تەنقىدى ۋە

بىسىملىرىغا قارىماي، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختاتماي ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلقنى پۈتۈنلەي ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش، خىتايلاشتۇرۇش، شۇنداقلا ئىشغالىيەت تارىخىنى پەردازلاش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتمەكتە. خىتاي بۇ پىلانىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بۇرمىلانغان تۈرلۈك مۇزېيلارنى، تەتقىقات ئورۇنلىرىنى كۆپلەپ قۇرۇش بىلەن بىرگە، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «شىنجاڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا كۈچەپ تەشۋىق قىلماقتا.




# تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى ئەنقەرەدە مۇھىم زىيارەتلەردە بولدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت ئەنقەرەدە بىر قىسىم مۇھىم زىيارەتلەردە بولدى.

ھەيئەت 8-يانۋار چەت ئەل تۈركلىرى ۋە قېرىنداش جەمئىيەتلىرىنىڭ (YTB) رەئىسى ئابدۇللاھ ئەرەن ئەپەندىنى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى ۋە زىيارەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 8-يانۋار يەنە تۈركلەر ھەمكارلىقىنىڭ ماسلاشتۇرۇش ئورگىنىنىڭ (TIKA) رەئىسلىك ئورگىنىدا سەركان كايالار ئەپەندىنى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى 9-يانۋار يەنە تۈركىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى دەريا يانىق خانىمنى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

ھەيئەت زىيارەتلىرى جەريانىدا كۆرۈشكەن مۇھىم شەخسلەرگە شەرقىي تۈركىستان دۆلەت گىربىي چۈشۈرۈلگەن خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى.



# خىتاي «ئىسلاھات» نامىدا ئۇيغۇر تېبابىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا

خىتاي رېجىمى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر تېبابىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇپ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى»، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى» يېزا-كەنت داۋالاش-ساقلىق ساقلاش سىستېمىسىغا ئالاقىدار بىر نەچچە تەدبىرنى بېسىپ تارقاتقان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 10-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا-كەنتلەرنىڭ داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش سىستېمىسىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قانچە تەدبىر»نى ئېلان قىلغان.

تەدبىردە خىتاي تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىلىپ، يېزا-كەنت داۋالاش-ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىتاي تېبابىتى-دورىگەرلىك مۇلازىمىتى تەمىناتىنىڭ كېڭەيتىلىدىغانلىقى، 2025-يىلىغا بارغاندا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى 95% يېزا-بازار شىپاخانىسى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قاتلام داۋالاش-ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئاساسىي ئۆلچىمىگە، 15% ئەتراپىدا يېزا-بازار شىپاخانىسى مۇلازىمەت ئىقتىدارى تەۋسىيە ئۆلچىمىگە يېتىپ، مەھەللە دوختۇرخانىسىدىن 50 قۇرۇلىدىغانلىقى، كەنت شىپاخانىلىرىنىڭ نىسبىتى 30% تىن ئاشۇرۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ۋە شۇنداقلا بارلىق يېزا-بازار شىپاخانىلىرىدا خىتاي تېبابىتى سارىيى تەسىس قىلىنىپ، خىتاي تېبابىتى-دورىگەرلىكىگە ماس كېلىدىغان تېخنىكىلار قېلىپلاشتۇرۇلۇپ كېڭەيتىلىدىغانلىقى، خىتاي تېبابىتى تۈرىدىكى دوختۇرلارنىڭ شۇ ئاپپاراتتىكى دوختۇرلار ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 25% تىن

ئاشۇرۇلىدىغانلىقى، كەنت شىپاخانىلىرىنىڭ خىتاي تېبابىتى-دورىگەرلىكى مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەنلىكىنى، خىتاي يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا ئوچۇق-ئاشكارا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ماس قەدەمدە، ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق مەدەنىي مىراسلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندىن باشقا، ئورنىغا خىتاي مەدەنىيىتىنى دەسسىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان ئاتالمىش «تەدبىر»نىڭمۇ خىتاي تېبابىتىدىن پەرقلىق بولغان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، سىستېمىلاشقان ئۇيغۇر تېبابىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقارغان رەزىل پىلانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




# ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: خىتاي ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلدى

خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى «2024-يىللىق يەرشارىۋى دوكلات»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى باستۇرۇش سىياستى تېخىمۇ كۈچىيىپ، خوڭكوڭنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالغانلىقىنى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا ئامېرىكىنىمۇ ئەيىبلەپ، ئامېرىكا قاتارلىق بىر تۈركۈم دۆلەتلەرنىڭ قىسقا مۇددەتلىك سىياسىي مەنپەئەت ئۈچۈن، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئېغىر بولغان دۆلەتلەرنى ئەيىبلەشكە سەل قارىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسى 11-يانۋاردىكى خەۋىرىدە مەزكۇر دوكلاتنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاي رىجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيانقى ئون يىل ئىچىدە پۈتۈن خىتايدىكى ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلارنى باستۇرۇشنىڭ بارغانچە كۈچەيگەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئاللىبۇرۇن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ خوڭكوڭدا ئاتالمىش «خوڭكوڭ دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»نى يولغا قويۇپ، ئىلگىرى ۋەدە قىلغان «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سىياستىنى بىكار قىلىپ، ئالاھىدە رايوننى پۈتۈنلەي خىتاي رىجىمىنىڭ كونتروللۇقىغا

كىرگۈزۈۋالغانلىقى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا «يەرشارىدا ئىنسانىي ھوقۇقلار قاتتىق باستۇرۇلدى، بۇ ئامېرىكا ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ قىسقا مۇددەتلىك سىياسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئىنسانىي ھوقۇقلارغا دەخلى-تەرۇز قىلغان دۆلەتلەرنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خىتاي بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى» دەپ قارالغان.

دوكلاتتا 100 دىن ئارتۇق دۆلەتتىكى ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى قىسقىچە خۇلاسە قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي خەلقئارا بويىچە ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدە ئىككىنچى ئورۇنغا تىزىلغان بولۇپ، پەقەت خىتاينىڭ دەپسەندىچىلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنلار 12 بەت چىققان.

دوكلاتتا ئېنىق قىلىپ: «شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن ئون يىلدا پۈتۈن خىتايدا باستۇرۇش كۈچەيدى، جەمئىيەت كونتروللۇقى تېخىمۇ چىڭىتىلدى، ئەركىن سۆزلەيدىغان مۇستەقىل پۇقراۋى جەمئىيەتلەر يوقىتىلىپ، خەلقنىڭ ئەقەللىي ئەركىنلىكلىرى چەكلەندى» دېيىلگەن.



# ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خىتاينى ئىلھام توختىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خىتاي رېجىمىنى ئون يىلدىن بېرى تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئىلھام توختىنى دەرھال شەرتسىز قويۇپ بېرىشكە چاقىردى.


خىتاي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق پروفېسسورى، ئۇيغۇر زىيالىي ئىلھام توختى ئون يىل ئىلگىرىكى 15-يانۋار خىتاي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، كېيىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي رېجىمىنى ئىلھام توختىنى دەرھال ۋە شەرتسىز قويۇپ بېرىشكە چاقىردى.

باياناتتا ئىلھام توختىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي

قىرغىنچىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك جىنايەتلىرىگە قارشىلىق بىلدۈرگەنلەرنى جازالاپ كەلگەنلىكى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايىنى ئىلھام توختىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تۇتقۇنلارنى دەرھال ۋە شەرتسىز قويۇۋېتىشكە چاقىرىدىغانلىقى قەيت قىلىندى.

ئاتالمىش «دۆلەتنى پارچىلاش ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىش» دېگەن تۆھمەت بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان پروفېسسور ئىلھام توختىنىڭ مەسىلىسى باشتىن-ئاخىر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئەيىبلىشىگە دۇچ كەلگەن. ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى خىتايىنى كۆپ قېتىم ئەيىبلىگەن. 2021-يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى تۈرمىگە بېرىپ، ئىلھام توختىنى زىيارەت قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىلھام توختى 2014-يىلى ئۆكتەبىردە مارتىن ئېنالس ئىنسان ھەقلىرى قوغدىغۇچىسى مۇكاپاتىغا، 2019-يىلى ساخاروف مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنىدى. نۆۋەتتە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە پائالىيەتچىلەر ئىلھام توختىنىڭ سالامەتلىكى ۋە بىخەتەرلىكىدىن ئەندىشە قىلماقتا.




## رويتېرس ئاگېنتلىقى: خىتاي ئامېرىكىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي Nvidia دىن ئىلغار ئۆزەكلەرگە ئېرىشتى

رويتېرس ئاگېنتلىقى ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قويغان ئېكسپورت چەكلىمىسىگە قارىماي، خىتاينىڭ ھەربىي ئورگانلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورگانلىرىنىڭ يەنىلا Nvidia نىڭ ئىلغار ئۆزەكلىرىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تېخنىكىسى ۋە ئۆزەكلەرنىڭ خىتايغا ئېكسپورت قىلىنىشىنى قاتتىق كونترول قىلغان بولسىمۇ، ئەمما رويتېرس ئاگېنتلىقى خېرىدار چاقىرىش ھۆججىتى ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ھەربىي ئورگانلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سۈنئىي ئىدراك تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئۆتكەن بىر يىلدا يەنىلا ئامېرىكىنىڭ خىتايغا ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىگەن Nvidia نىڭ ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئۆزەكلىرىنى مەلۇم مىقداردا سېتىۋالغانلىقىنى بايقىغان.

روйтېرس ئاگېنتلىقى 15-يانۋار ئېلان قىلغان مەخسۇس خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي بۇ ئىلغار ئۆزەكلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان تەمىنلىگۈچىلەر ئارقىلىق ئېرىشكەن بولۇپ، خىتاينىڭ ھەربىي ئورگانلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى مەزكۇر ئىلغار ئۆزەكلەر ئارقىلىق سۈنئىي ئىدراك تەتقىقاتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشى ياكى بۇلارنى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپ كومپيۇتېرلىرىدا ئىشلىتىشى مۇمكىن ئىكەن.

خىتاي ئېرىشكەن بۇ ئىلغار ئۆزەكلەر A100 ۋە تېخىمۇ ئىلغار H100 ئۆزىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2022-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ بۇ ئىككى خىل ئۆزەكنىڭ خىتايغا ئېكسپورت قىلىنىشىنى چەكلىگەن. خىتاي سېتىۋالغان ئۆزەكلەر يەنە Nvidia شىركىتى مەخسۇس خىتاي بازىرى ئۈچۈن تېخنىكىلىق ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىپ ياسىغان A800 ۋە H800 دىن ئىبارەت ئىككى ئۆزەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى ئۆزەكنىڭ خىتايغا ئېكسپورت قىلىنىشىنىمۇ بۇلتۇر ئۆكتەبىردە چەكلەشكە باشلىغان.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ قېتىملىق بايقاش ئامېرىكىنىڭ ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تېخنىكىسى ۋە ئۆزەك بىلەن تەمىنلەش زەنجىرىنى ئۈزۈل-كېسىل كونترول قىلىشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.



## دوكلات: خىتاي تۇتقۇن قىلغان ژۇرنالىستلارنىڭ يېرىمى ئۇيغۇر

ژۇرنالىستلارنى قوغداش كومىتېتى يېڭى دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتقا 2023-يىلى خىتايدا قامالغان 44 ژۇرنالىستنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

ژۇرنالىستلارنى قوغداش كومىتېتى (CPJ) 18-يانۋار 2023-يىللىق دوكلاتىنى ئېلان قىلغان. دوكلاتتا بۇلتۇر يىل بېشىدىن 1-دېكابىرغىچە دۇنيا مىقياسىدا تۈرمىگە تاشلانغان ژۇرنالىستلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، خىتاي تەرىپىدىن

تۇتقۇن قىلىنغان ژۇرنالىستلار ئەڭ كۆپ ئىكەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، بۇلتۇر بىر يىل ئىچىدە خىتاي تۈرمىسىگە تاشلانغان 19 ئۇيغۇر ژۇرنالىستنىڭ دېلوسىغا نەزەر سالغاندا، خىتاي كوممۇنىست رېجىمى ئۆز ھاكىمىيىتىنى تەنقىد قىلغۇچىلارنى ھەر دائىم ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىك»، «تېررورلۇق» دېگەن تۆھمەتلەر بىلەن ئەيىبلىگەن.

2023-يىلىدىكى سانلىق مەلۇمات ئامېرىغا يېڭى قوشۇلغان، خىتاي بىر تەرەپ قىلغان بەش دېلونىڭ ئۈچى ئاتالمىش «جاسۇسلۇق»، «بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش ياكى ئاغدۇرمىچىلىق» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەنلەر بولۇپ، ھەممىسى ژۇرنالىست ئىكەن.

ژۇرنالىستلارنى قوغداش كومىتېتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى جودى گىنسبېرگ: «مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ قانۇننى قالايمىقان قىلىپ، ژۇرنالىستلارنى تۇتقۇن قىلىپ، باستۇرغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. بۇ دەل مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇپ، مەقسىتى تەنقىدىي ئاۋازلارنى جىمىقتۇرۇش» دېگەن.

دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مۇخبىرلىرى ۋە بىلوگ يازغۇچىلىرىغا قاراتقان باستۇرۇش ۋە ھۇجۇملىرى بىلەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئالىم-ئۆلىمالىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرىغا قىلغان زىيانكەشلىكلەرنىڭ ئوخشاش مەزگىلدە ئىجرا قىلىنغانلىقى، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ ئۇيغۇرلار، خۇسۇسەن ژۇرنالىستلار ۋە پائالىيەتچىلەر خىتاينىڭ دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغىمۇ پاراكەندىچىلىك ياكى تەھدىت سېلىنغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

تەھلىلچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆتكەن يىلى خىتايدا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ژۇرنالىستلارنىڭ كۆپ بولۇشى خىتاينىڭ ئاخبارات ئەركىنلىك خاتىرىسىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ ناچار ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتىلغان دەپسەندىچىلىكنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىكەن.

كۆزەتكۈچىلەر بىر تۈركۈم دۆلەتلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ زىيانكەشلىك قىلىش، سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن بۇيان، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ئۇچۇر كونتروللىنى قاتتىق كۈچەيتكەنلىكىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ھېلىھەم داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ دوكلاتتا ئاشكارىلانغاندىن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.





# خىتاي ئورتاق فوندلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى بەش يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى

خىتاي پاي چېكى بازىرىنىڭ ئىزچىل ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، خىتايدىكى يەرلىك ئورتاق فوندلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى بەش يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى.

بىلۇمبېرگ خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 19-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي پاي چەكلىرىنىڭ شىددەت بىلەن چۈشۈشىگە ئەگىشىپ، مۇلۇك باشقۇرۇش ساھەسى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان، بۇنىڭغا ماس ھالدا يەرلىك ئورتاق فوندلار تاقىلىش دولقۇنىنى باشتىن كەچۈرگەن.

2023-يىلى جەمئىي 240 يەرلىك ئورتاق فوند تاقالغان بولۇپ، بۇ بەش يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سان بولۇپ قالغان. بۇ خىل يۈزلىنىش ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، يېڭى يىل كىرگەندىن بۇيان 14 ئورتاق فوند ئاللىقاچان تاقىلىپ بولغاندىن باشقا، يەنە 24 ئورتاق فوند پات يېقىندا تاقىلىدىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتايدىكى يەرلىك ئورتاق فوندلارنىڭ مەبلەغ توپلىشىمۇ داۋاملىق تۆۋەنلىگەن بولۇپ، ئون يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا كەلگەن. مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كاساتلىشىۋاتقان بازارغا نىسبەتەن ئىشەنچى يوقالغان. ئۇندىن باشقا خىتاي پاي چېكلىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بۇ كىرىزىسنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋەتكەن. نەتىجىدە پارچە سېتىش سودىگەرلىرى ئورتاق فوندىغا مەبلەغ سېلىشتىن ۋاز كېچىپ، نەق پۇل ساقلاشقا باشلىغان.



# ئەنگلىيە سابىق باش ۋەزىرىنىڭ خىتايغا ھەربىي ئەسلىھە سېتىشنى ئاستىرتتىن قوللىغانلىقى ئاشكارىلاندى

ئەنگلىيەنىڭ سابىق ۋەزىرى لىز تىراسنىڭ بۇلتۇر خىتايغا مىنا تازىلاش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىپ بېرىش ھەققىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە لوبىچىلىق قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 19-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، ئەنگلىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى لىز تىراس ئىزچىل تۈردە خىتايغا قارشى قاتتىق قوللۇقى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بۇ خىل قاتتىق مەيدانى بىلەن ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ۋە باش ۋەزىرى بولۇپ سايلانغاندىن باشقا، ئىستېپا بەرگەندىن كېيىنمۇ پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان ۋە شۇ ۋاقىتتىمۇ خىتاينىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تەيۋەننى تېخىمۇ كۆپ قورال-ياراغ بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇلتۇر ماي ئېيىدا تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە تەيۋەن كېلەچەك فوندى ئۈچ يېرىم مىليون دوللار سەرپ قىلىپ، لىز تىراسنى تەيۋەننى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ھازىرقى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى رىشى سۇناكتىن خىتاينى ئەنگلىيەنىڭ «دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت دۆلەتلەر» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان، ھەتتا تەيۋەننىڭ دۇنيا ئەركىنلىكىنى قوغداش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

ھالبۇكى، بۇ ھەپتە ئامېرىكىنىڭ سىياسەتچى تورى ئېلان قىلغان ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، لىز تىراس بۇلتۇر 8-ئايدا ئەنگلىيە سودا ئىشلىرى ۋەزىرى كېمى بېيدىنوكقا شەخسىي مەكتۇپ يوللاپ، خىتايغا دۆلەت مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى سېتىشنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلغان.


ئۇ مەكتۇپىدا خىتايغا ھەربىي ئۈسكۈنىلەرنى سېتىش چەكلىمىسىنىڭ بەلكىم ئەنگلىيە شىركەتلىرىگە مىليونلىغان دوللار زىيان سالىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ قارىشىچە،ئەگەرئەنگلىيەھۆكۈمىتىئېكسپورت قىلىشقا ئىجازەت بەرمىسە، خىتاينىڭ ئەنگلىيەنىڭ ھەربىي ئەسلىھە تېخنىكىسىنى تەقلىد قىلىشى ۋە بۇ ئەسلىھەلەرنى خىتاينىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىشى مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئالغان.

سىياسەتچى تورىنىڭ خەۋىرىدە يەنە ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى شىركىتى «رىچموند مۇداپىئە سىستېمىسى»نىڭ لىز تىرۇسنىڭ سايلام رايونى بولغان نورفولكقا جايلاشقانلىقى ئالاھىدە قەيت قىلىنغان.

ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرى ئىلگىرى بۇ شىركەتنىڭ مىنا تازىلاش ئۈسكۈنىلىرىنى خىتايغا ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىگەن. مۇتەخەسسىسلەر ئامېرىكا مىنا كۆمۈش ئۈسكۈنىلىرىنى تەيۋەنگە سېتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئەگەر ئەنگلىيە مىنا تازىلاش ئۈسكۈنىلىرىنى خىتايغا سېتىپ بەرسە، خىتاي تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلغان تەقدىردە، بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ خىتايغا ئوبدان ئەسقاتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

سىياسەتچى تورىدا كۆرسىتىلىشىچە، مۇتەخەسسىسلەر ۋە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى لىز تىراسنىڭ بۇ مەسىلىگە قول تىققىنىنىڭ تەيۋەن ۋە ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە تەھدىت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدە قاتتىق يەر تەۋرىدى




شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدە 7.1 بال يەر تەۋرىگەن بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئەندىشىگە سالماقتا.

خىتاي يەر تەۋرەشتىن مەلۇمات بېرىش تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 23-يانۋار يېرىم كېچىدە، يەنى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 00:09 دا ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدە (شىمالىي كەڭلىك 41.26 گرادۇس، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76.63 گرادۇس) 7.1 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەركىزى چوڭقۇرلۇقىنىڭ 22 كىلومېتىر ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

ئۇنىڭدىن باشقا 23-يانۋار ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 00:32 مىنۇت ئۆتكەندە ئاقچى ناھىيەسىدە (شىمالىي كەڭلىك 41.07 گرادۇس، شەرقىي

ئۇزۇنلۇق 78.43 گىرادۇس) 4.5 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەركىزى چوڭقۇرلۇقىنىڭ 23 كىلومېتىر ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، تەۋرەش مەركىزى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ يامانسۇ قىرغىز يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، نوپۇس شالاڭ ئېگىز تاغلىق رايون ھېسابلىنىدىكەن. ئەمما يەر تەۋرىگەندە، ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ۋە ئەتراپتىكى رايونلاردا تەۋرەش سېزىمى كۈچلۈك بولغان.

ئۇچتۇرپاندىكى قاتتىق تەۋرەش ئەتراپتىكى ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر، غۇلجا، كورلا، قاراماي، ئۈرۈمچى قاتارلىق ناھىيە ۋە شەھەرلەرگە تەسىر قىلغان بولۇپ، مەزكۇر رايونلاردا يېنىك تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قاتتىق يەر تەۋرىگەندىن كېيىن يەنە ئارقا-ئارقىدىن قالدۇق يەر تەۋرىگەن.

ئېلان قىلىنغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يەر تەۋرىگەن ۋاقىت سائەت 00:09 تارتىپ سائەت 10:00 غىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي 56 قېتىم 3.0 بال ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى قالدۇق يەر تەۋرەشنى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 3.9 ~ 3.0 بال يەر تەۋرەش 43 قېتىم، 4.9 ~ 4.0 بال يەر تەۋرەش توققۇز قېتىم، 5.9 ~ 5.0 بالغىچە يەر تەۋرەش تۆت قېتىم يۈز بەرگەن. ئەڭ چوڭ



قالدۇق يەر تەۋرەش 5.3 بال بولۇپ، ئاساسىي تەۋرەش مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 17 كىلومېتىر كېلىدىكەن.

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا قاتتىق قىش مەزگىلى بولۇپ، قورقۇپ كەتكەن خەلق بىر كېچىنى قاتتىق سوغۇقتا تالادا ئۆتكۈزگەن.

خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرى بۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشتە ئۈچ كىشىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى، بەش كىشىنىڭ يارىلانغانلىقىنى، 12 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. خەۋەرلەردە يەنىلا خىتاي رېجىمىنى كۆككە كۆتۈرۈش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئۇچتۇرپاندىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە ئېغىر دەرىجىدە ئۆلۈم-يېتىم ئەھۋالى كۆرۈلمىگەنلىكى، بۇنىڭ سەۋەبى تەۋرەش مەركىزىدە ئاھالىلەرنىڭ شالاڭ ئولتۇراقلاشقانلىقى، شۇنداقلا خىتاي رېجىمىنىڭ قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى ۋاقتىدا، ياخشى ئىشلىگەنلىكى قاتارلىقلار دەۋا قىلىنغان.

گەرچە خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى قازا قىلغانلارنى پەقەت ئۈچ دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئەزەلدىن تارتىپ بۇ خىل خەۋەرلەردە يالغان مەلۇمات تارقىتىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا يەر تەۋرەشكە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى تارقىتىشقا چەكلىمە قويغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر ئۆلۈم-يېتىم ئەھۋالىغا بولغان ئەندىشىنى كۈچەيمەكتە.

شۇنداقلا خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرى ما شىگرۇي ۋە ئەركىن تۇنىيازنىڭ تېز سۈرئەتتە ئاپەت رايونىغا بارغانلىقىنى ئالاھىدە خەۋەر قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان تۇرلۇك زىياننىڭ خېلىلا ئېغىر ئىكەنلىكى پەرەز قىلىنماقتا.

21




# ب د ت يىغىنىدا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنى قوغداشقا چاقىرىق قىلدى

ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىدە خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى كۆنتەرتىپكە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، كۆپلىگەن غەرب دۆلەتلىرى خىتاينى ئەيىبلەپ، ئۇيغۇرلارنى قوغداشقا چاقىرىق قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشى 23-يانۋار جەنۋەدە مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. يىغىندا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارنى قوغداشقا ۋە خوڭكوڭدىكى ئەركىنلىك دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە چاقىرىق قىلغان، ئەمما خىتاي ۋەكىللىرى جىنايى قىلمىشلىرىغا تېنىپ، بۇ چاقىرىقلارنىڭ ئۆسەك سۆز ۋە يالغاننى ئاساس قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، يىغىندا «ئۇنىۋېرسال قەرەللىك تەكشۈرۈش مېخانىزمى» ئاساس قىلىنىپ، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى كۆزدىن كەچۈرۈلگەن.

دىپلوماتلارنىڭ رويتېرس ئاگېنتلىقىغا بىلدۈرۈشىچە، خىتاي رېجىمى ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشى يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن جەنۋەگە چوڭ بىر ئۆمەكنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى نەچچە ئون ئەمەلدار يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە غەرب دۆلەتلىرىدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىگە خەت يېزىپ، ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان يىغىندا خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى خاتىرىسىنى ماختىشىنى ۋە قوللىشىنى تەلەپ قىلغان.

جەنۋەدىكى يىغىنغا قاتناشقان خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشى 2018-يىلى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يىغىن ئاچقاندىن بۇيان، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، 100 مىليونغا يېقىن ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، يىغىندا 163 دۆلەت ۋەكىلى سۆز قىلغان. ئەمما خىتايدىن باشقا ھەر قايسى دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ سۆز قىلىشىغا پەقەت 45 سېكۇنت ۋاقىت بېرىلگەن. يىغىندا ئېفىيوپىيە، كامېرون قاتارلىق نۇرغۇنلىغان

دۆلەت ۋەكىللىرى خىتاينىڭ ئىنسانىي هوقۇقلارنى ياخشىلاشتىكى تىرىشچانلىقىنى ماختىغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى غەرب دۆلەتلىرى خىتاينىڭ ئىنسان هەقلىرى ۋەزىيىتىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇندىن باشقا، ئەنگلىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاينى خوڭكوڭدا يولغا قويۇلغان ئاتالمىش «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»نى بىكار قىلىشقا چاقىرغان.

ئىنسان هەقلىرى كېڭىشى يىغىنى داۋام قىلىۋاتقان مەزگىلدە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى ئالدىدا ئۇيغۇر، تىبەت، خوڭكوڭلۇق ۋە خىتاي دېموكراتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پائالىيەتچىلەر خىتايغا قارشى نامايىش قىلغان.




# ASML شىركىتى چەكلىمىگە قارىماي خىتايغا زور كۆلەمدە ئىلغار ئۈسكۈنە ساتقان

گوللاندىيە بىلەن ئامېرىكا بۇلتۇر مەخپىي كېلىشىم تۈزۈپ، ASML شىركىتىنىڭ خىتايغا ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى سېتىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما شىركەتنىڭ خىتايىنى مال بىلەن تەمىنلەش مىقدارى شىددەت بىلەن ئاشقان.

ياپونىيە ۋاقىت گېزىتىنىڭ 26-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، بۇلتۇر ئامېرىكا بىلەن گوللاندىيە مەخپىي كېلىشىم هاسىل قىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ئۆزەك ياساش ئۈسكۈنىسى ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەت ASML نىڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى خىتايغا يەتكۈزۈشىنى چەكلىگەن. ئەمما بۇ كېلىشىم ASML شىركىتىنىڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلىرىنىڭ خىتايغا سېتىلىشىنى توسۇپ قالالمىغان. بۇ مەسىلىدە گوللاندىيە هۆكۈمىتى تېخىمۇ كۆپ ئۈسكۈنىلەرنىڭ خىتايغا يۆتكىلىشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، مەخپىي كېلىشىم ئەينى ۋاقىتتا ئومۇمىيۈزلۈك ئېكسپورت چەكلىمىسى كۈچكە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلىق تەدبىر سۈپىتىدە يولغا قويۇلغانىكەن.

ASML شىركىتى لوبىچىلىق ۋاستىسى بىلەن هۆكۈمەتنى قايىل قىلىپ، خىتايغا ئىلغار ئۈسكۈنە ئېكسپورت قىلىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن. نەتىجىدە بۇلتۇر خىتاي ASML شىركىتىنىڭ ئەڭ چوڭ بازىرىغا ئايلانغان.

# خىتاي بۇ يىلمۇ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ۋەيران قىلىش جىنايىتىنى جىددىي داۋاملاشتۇرماقتا




خىتاي يېقىنقى يىللاردا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا ئاتالمىش «ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش» نامىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان تۇرالغۇلارنى، ئولتۇراق رايونلىرىنى مەجبۇرىي چېقىپ، ئورنىغا خىتاي ئۇسلۇبىدىكى تۇرالغۇ رايونلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى ئىزچىل ئىجرا قىلغانىدى. خىتاي بۇ يىلمۇ مەزكۇر جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر-بازارلىرىدىكى مىڭغا يېقىن كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاشنى پىلانلىغانلىقىنى، بۇ پىلاننىڭ 200 مىڭ ئائىلىگە چېتىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 22-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شەھەرنىڭ ئىقتىدارىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر قىياپىتىنى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش» دېگەن نامدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تۇرالغۇ ۋە شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى تۇرالغۇ كاپالىتى باشقارمىسى بۇ ھەقتىكى پىلاننى ئېلان قىلغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي 2023-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەر-بازارلاردىكى 1152 ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاپ، 219 مىڭ 100 ئائىلىلىك ئۆيىنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىپ قايتا سالغان. شۇنداقلا خىتاينىڭ 2019-يىلىدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستان بويىچە شەھەر-بازارلاردىكى 6031 ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىپ، 972 مىڭ 900 ئائىلىنىڭ ئۆيىنى قايتا ياسىغانلىقى ئاشكارىلانغان.

خىتاي بىر نەچچە يىل مابەينىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكىنى، مەدەنىيىتىنى يوقىتىشتەك رەزىل مەقسىتى بىلەن، ئاتالمىش «كونا ئولتۇراق رايوننى يېڭىلاش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش» نامىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدىكى ئۆي-ئىمارەتلەر، ھويلا-ئاراملارنى مەجبۇرىي چېقىپ، خىتاي ئۇسلۇبىغا ئۆزگەرتىپ كەلگەنىدى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق، تارىخىي ئىزلارنى، مەھەللە، قوشنىدارچىلىق كۈلتۈرىنى ۋە بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇش، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول ۋە نازارەت قىلىش، نوپۇس نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق رەزىل مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




# خىتاي ئىنسان ھەقلىرى ھەققىدە يېڭى ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىپ جىنايەتلىرىنى پەردازلىدى

خىتاي يېقىندىن ئاتالمىش «خىتاينىڭ تېرروررىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇن-تۈزۈم سىستېمىسى ۋە ئەمەلىيىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇندى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي رېجىمى ئاخبارات ئىشخانىسى 23-يانۋاريېقىندىن ئاتالمىش «خىتاينىڭ تېرروررىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇن-تۈزۈم سىستېمىسى ۋە ئەمەلىيىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلغان. خىتاي يېقىنقى يىللار ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار بىر نەچچە «ئاق تاشلىق كىتاب» ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ قېتىمقىسى ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ خىتايغا ئالاقىدار يىغىنى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەن.

خىتاي رېجىمى ئوخشاشلا يالغان سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق كۆز بوياشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، بۇندىن ئىلگىرى مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ سانلىق مەلۇماتلارنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش، يوشۇرۇش ئارقىلىق كۆز بويامچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەنقىد قىلغانىدى.

خىتاي ئاق تاشلىق كىتابتا شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئەكسىچە بىلجىرلاپ، «قانۇن بويىچە تېرروررىزمغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن پۇقرالار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداپ، رايون، مىللەت، دىن قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان ھەرقانداق كەمسىتىش خاراكتېرلىك ئۇسۇللارنى چەكلىگەنلىكى، تېرروررىزمنىڭ تارقىلىشى، يامرىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، پۇقرالارنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، مال-مۈلۈك ھوقۇقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىغانلىقى» قاتارلىق سەپسەتىلەر تىلغا ئېلىنغان.

ئاق تاشلىق كىتابتا يەنە شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن قوشۇپ جازالاش، تۈرمىدە قىيىن–قىستاققا ئېلىش قاتارلىق خەلقئارا جەمئىيەت دىققەت قىلىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىشارەت قىلىنغان ھالدا «دېلولارنى بېجىرىش جەريانىدا ھەم پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، شۈنىڭدەك گۇماندارلار، جاۋابكارلار ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى، ئىنسانىي ئىززىتى، ئاقلاش ھوقۇقى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقى بىلەن دەۋا قىلىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگەنلىكى» قاتارلىق نومۇسسىز بايانلار ئورۇن ئالغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك خەلقئارا جەمئىيەتتە قاتتىق بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ساختا تەشۋىقاتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# ئىستىقلال

# ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | ي. قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | سەيپىدىن تارىم |
| كارىكاتۇر | رادۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |



info@istiqlalmedia.com

www.istiqlalhaber.com www.istiqlalmedia.com

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33

+90 541 797 77 00


**DOĞU TÜRKİSTAN**
**BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى